# كىمكى مېيىتنى يۇيۇپ، مېيىتنىڭ بەدىنىدىكى يامان ئەھۋالنى بىراۋغا پاش قىلمىسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى قىرىق نۆۋەت مەغپىرەت قىلىدۇ

ئەبۇ راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى مېيىتنى يۇيۇپ، مېيىتنىڭ بەدىنىدىكى يامان ئەھۋالنى يوشۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى قىرىق نۆۋەت مەغپىرەت قىلىدۇ«

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بەيھەقى"شۇئەبىل ئىمان"(ئىمان شاخچىلىرى)ناملىق ئەسىرىدە]
[رىۋايەت قىلغان - ھاكىم "مۇستەدرەك"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تەبراني"مۆجەم كۇبرا"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

بۇ ھەدىستە مېيىت يۇغاننىڭ ۋە مېيىت بەدىنىدە بىرەر ئەيىپنى كۆرسە ئۇنى يوشۇرغاننىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنىدۇ، مېيىتتىن كۆرۈلگەن ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى تۈرى، مېيىتنىڭ ئۆز ھالىتىگە ئالاقىدار بولغىنى، ئىككىنچى تۈرى: مېيىتنىڭ بەدىنىگە ئالاقىدار بولغىنىدۇر. بىرىنچىسى: ئەگەر مېيىتنىڭ چىرايىدا ئۆزگۈرۈشنى، رەڭگىنىڭ قارىداپ، شەكلىنىڭ سەتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، بۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر، ئاللاھ ھەممەيلەننى بۇنداق ئاقىۋەتتىن ساقلىسۇن، مېيىت يۇغۇچىنىڭ باشقىلارغا: مەن پالاننى يۇغاندا ئۇنىڭدا مۇنداق، مۇنداق سۆيەتلەرنى كۆردۈم دەپ ئۇنىڭ يامان سۆيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ پەرۋەردىگارىنىڭ تەرىپىگە يول ئالغان، ئۆزىگە مۇناسىپ پەزىلەت ياكى ئادالەت بىلەن جازالىنىدىغان كىشىنىڭ ئەيىۋىنى ئېچىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىككىنچىسى: مېيىتنىڭ ئۇچىسىدا بىرەر ئەيىپنى كۆرگەن بولسا، ھاياتىدا ئۇنى كىشىلەردىن يوشۇرغان بولسا، يوشۇرغۇچىغا قىرىق نۆۋەتلىك كەچۈرۈمدىن ئىبارەت كاتتا ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/6402